تەي بولسا، تۇلۇم چاشقاندەك سەمرىپ، ئېخمۇ ماڭالماي قالدى. ئىلىغا كەلگەندە قۇرۇق خادۇك هارۋۇدا كەلگەن بولسا، قايتقاندا تاپقان–تەرگەنلىرىنى ئالتە هارۋۇغا بېسىپ كەتتى.

ئۇنىڭ ئورنىغا ئارقىدىنلا جاڭ فامىلىيەلىك چوغى كىچىك شەنجاڭ چىقتى. ئىلىقا پۇتۇن ناهىيە مەمۇرىيىتى دەرىجىسىگە كوتۇرۇلۇپ، ئەسلى نامى ئىلىقا ئاتىلىدىغان بولدى. جاڭ شەنجاڭ ئىشچان، ئېتىك، ئىخچام زامانىۋىي كىيىنىپ ژۇرىدىغانلىقى بىلەن پەرىقلىق ئىدى. ئۇ ۋەزىپىسىگە ئولتۇرۇشى بىلەن هەر ساها بويىچە ژىغىنلار ئېچىپ، مەرۇزەلەر بايان قىلىش بىلەن يېڭىچە ئىش ئېلىپ بارغان بولدى. قۇرۇلۇش ئىشلىرى، مائارىپ، تەنتەربىيە ساهالىرىغا ئالاهىدە ئەهمىيەت بېرىشكە كىرىشتى. ئوزى سەهەر تۇرۇپ مەهەللىلەرنى ئارىلاتتى. مەكتەپلەرگە كېلىپ ئوقۇغۇچى –ئوقۇتقۇچىلار ئارىسىدا ۋالېيبول ۋە باسكېتبول ئويناتتى. سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئوتكەن بەزى كىشىلەر جاڭ شەنجاڭ پىنهانلىقتىكى كوممۇنىستلاردىن بولۇشى ئېهتىمال دېيىشەتتى. دېمىسىمۇ، جاڭ شۇ ۋاقىتلاردىكى ئىلى سىلىڭى (هەربىي دەرىجىدىكى ۋالى) ياۋ فامىلىيەلىك تەرەققىيپەرۋەرلىكتە مەلۇم بولغان كىشىگە يېقىن پىكىرداشمىش دېگەن گەپ–سوزلەر تارقالغان ئىدى. خەلق هوكۇمدارنىڭ ئوز مەنپىيىتى ئۈچۈن قانچىلىك بېرىلگەنلىكىگە قارىماي، ئاممىنىڭ ئارزۇ–ئارمانلىرىنى مەلۇم دەرىجىدە بولسىمۇ قاندۇرغانلىقىدىن رازى ئىدى. جاڭ مۇلۇكدارلارنىڭ بىر قىسىم بايلىقىنى جەلىپ قىلىش بىلەن مېهنەتكەش ئاممىنىڭ كۈچىنى سەپەرۋەرلىككە كەلتۇرۇپ، بىر قانچىلىغان ئىشلارنى قىلغان بولدى. ئىلىقا بىرىنچى قېتىم ئىككى قەۋەتلىك شەنجاڭ ئىدارىسى، كلۇب، ساقچى ئىدارىسىنى سېلىپ، ئۇيغۇر مەكتىۋىنى كېڭەيتىش، تەنتەربىيە مەيدانلىرىنى بەرپا قىلىشتەك قۇرۇلۇشلارنى ئېلىپ باردى. موڭغۇللار ئۈچۈن زامانىۋىي ئوقۇش دەرگاهى (مەكتەپ، ياتاقخانا، ئاشخانا ۋە تەنتەربىيە مەيدانى) سېلىندى. قاراتوپە، جالىنقول، جارتوغاي، ئۇلاستاي قاتارلىق قازاق ئاۋۇللىرىغا مەكتەپلەر سېلىنىپ–جابدۇلدى. موڭغۇل، قازاقلارنى ئولتۇراقلاشتۇرۇش مەخسىتىدە تام ئويلەر تۇرغۇزۇلۇپ، يېڭى مەهەللىلەر بېنا قىلىندى. ئىلىقا شەهىرى كېڭەيتىلىپ قۇرۇلۇپ، ئويماكانى يوقلارغا يەر بولۇنۇپ بېرىلىپ، دورىبجىن، چىغلىق، تۇرك–رۇس مەهەللىلىرى دېگەن يېڭى مەهەللىلەر قوشۇلدى. كوچىلارغا موم ياغاچلار ئورنىتىلىپ، چىرايلىق پالوزلار ئىچىدە كىرۇسىن لامپىلىرى ياندۇرۇلۇپ، شەهەرنىڭ مەركىزىي كوچىلىرى يورۇتۇلدى. هەممىدىن زور ئىش–قاش دەرياسىغا كورۇك سېلىش بولدى. ئىلىقا بىلەن چۇنجا، قاراتوپە ئارقىلىق كۈنەس ناهىيەلىرىگە بېخەتەر قاتناش ئىمكانىيىتى تۇغۇلدى. بۇ زور قۇرۇلۇش ئىشىدا ئۇستا بېناكار ۋە ياغاچچىلىق ئۇستىسى ئىسرائىل دېگەن كىشى جۇرئەتلىك كىرىشىش ئارقىسىدا تەڭرىتاغنىڭ چىدامىلىق قارىغاي ماتېرىياللىرىدىن پايدىلىنىپ، تومۇر، سېمېنت ماتېرىياللىرىسىز بىر قىشتىلا كورۇك پۇتۇپ، بايرام تۇسىنى ئالغان خەلق تەنتەنىسى ئاستىدا قاتناش باشلىنىپ كەتتى.

## ئىلىقا ئۇيغۇر مەكتىۋى ۋە ئوسمان ئەپەندى

ئىلىقدا ئۇيغۇر مەكتەپ ئاپرېل ئىنقىلاۋىدىن كېيىن خەلق كۈچى بىلەن سېلىنغان دەسلەپكى چوڭ قۇرۇلۇشلارنىڭ بىرى. ئۇنىڭدا بىرىنچى سىنىپتىن يەتتىنچى سىنىپقىچە بالا ئوقۇتۇلاتتى. ئوسمان ئىمرەمزى ئوغلى مەكتەپنىڭ مۇدىرى ئىدى. ئوسمان ئەپەندى ئەسلىدە قازاقىستاننىڭ چارىن يېزىسىدىن بولۇپ، ئۇ زارۋات مەكتۇۋىدە تەلىم ئالغان ئېكەن. ئوتتۇزىنچى ژىللاردىن كېيىن غۇلجىغا ئوتكەن. ئۇ غۇلجىغا بارغاندىن كېيىن غۇلجىدا ئېچىلغان ئوقۇتقۇچىلارنى يېتىشتۇرۇش ۋە بىلىم سەۋىيەسىنى ئاشۇرۇش كۇرسىدا بىلىم ئالغان ئالدىنقى ئوقۇتقۇچىلاردىن هېساپلىناتتى.

ئوسمان ئەپەندى بىلىم سەۋىيەسى ژۇقۇرى، ئوقۇتۇش، تەلىم–تەربىيە بېرىش تەجرىبىسىگە ئېگە، يۇرت–جامائەت ئارىسىدا ئابرويى بار، ئىستېداتلىق كىشى ئىدى. ئۇ ژۇقارقى سىنىپلارغا تىل–ئەدەبىيات، جوغراپىيە ساۋاقلىرىدىن دەرس بېرەتتى. هەر بىر ئوتكەن دەرسىنىڭ مۇهىم مەزمۇنىنى تۇتقا قىلىپ، ئۇنى ئوزلەشتۇرمىگىچە قانائەتلەنمەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈنمىكىن ئېمتىهان مەزگىللىرىدە ئۇنىڭ دەرسىدىن ئوقۇغۇچىلار ياخشى باهالار ئالاتتى. هەتتا ئوقۇغۇچىلارنىڭ بەزى دەرسلەردە ئوزلەشتۇرۇش دەرىجىسىنى هېساپقا ئېلىپ، ئەسلى پروگراممىدىن هالقىپ دېگەدەك دەرس ئوتىدىغان ۋاقىتلىرىمۇ بولىدىغان.

ئىلىقا خەلقى ئوسمان ئەپەندىنى بىر تەرەپتىن پەرزەنتلىرىنىڭ دىلىغا ئىلىم سالغۇچى ئۇستازى سۇپىتىدە هورمەتلىسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇنىڭ ئىنسانىي پەزىلەتلىرىدىن بەهرىمەن بولغانلىقىدىن قەدىرلەتتى. ئوسمان مۇئەللىم ئوزى باش بولۇپ ئوقۇتقۇچىلارنى تەشكىللەپ، مەكتەپ يېشىدىن ئوتۇپ كەتكەن چوڭ ياشتىكىلەر ئۈچۈن كەچكى ساۋات چىقىرىش كۇرسلىرىنى ئېچىپ، ئۇنىڭدا ساۋات چىقىرىشتىن باشقا سىياسىي لېكسىيەلەرنى ئوقۇپ، خەلقىنىڭ ئاڭ–سەۋىيەسىگىمۇ ئاساس سالغان ئىدى. ئۇ: «ئەقىل كۈچى بىلەن بىلەك كۈچى بىرلەشكەندىلا هەر قانداق خەلق تەرەققىي قىلالايدۇ. جەمىيىتىمىزدىكى قالاقلىق، خۇراپاتچىلىق ئىللەتلىرىنى تۈگىتىش ئۈچۈن بالىلىرىمىزنى ئوقۇشسىز قالدۇرماي، ئۇلارنى ژۇقۇرى بىلىم چوققىلىرىنى ئېگىلەشكە ياردەم بېرىشىمىز كېرەك، بۇ بويىنىمىزدىكى قەرز ۋە پەرزىمىز» دېگەن گەپنى تەكرار–تەكرار ئېيتاتتى. شۇڭا ئوسمان ئەپەندىنىڭ مائارىپ گۈلزارىدا توككەن تەرى مېۋە بەردى. ئۇنىڭ تەربىيەسىدە ئۈچۈم بولغان ئوغۇل–قىزلار ۋەتىنىمىزنىڭ ژۇقۇرى بىلىم دەرگاهلىرىدا ئوقۇپ تەكەممۇللىشىپ دوختۇر، ئىنژېنېر، شائىر–يازغۇچى، مەمۇرىي رەهبەر، هەربىي كوماندىرلاردىن بولۇپ يېتىشتى.

## هاكىمىيەت تۈزۈمى ۋە ئىجتىمائىي هايات

1933–ژىلغىچە يەنى ئاپرېل ئىنقىلاۋىنىڭ غەلىبىسىگىچە ئىلىقنىڭ مەمۇرىي دەرىجەسى بولماي، بىۋاستە ئىلى دوتەي يامۇل (ۋىلايەتلىك هاكىم ئىدارىسى) قارمىقىدا باشقۇرۇلاتتى. ئىلىقا ۋە ئىلىقنىڭ يېزا، قىشلاقلىرىدا هاكىمىيەت باشقۇرۇش شاڭيۇ، ئاقساقچى، ئوكۇردەي دېگەن مەنسەپلەرنى بايلار قوللىرىغا ئېلىۋالغان ئىدى. ئىلىقا مەهەللىسىنى زۇنۇن، رېهماخۇن، ئومەر ۋە تۇرسۇن شاڭيۇلار سوراپ كەلگەن ئىدى. ئۇلار غۇلجا دوتەيلىرىگە ئالتۇن–كۇمۇچ ۋە قىممەت باهالىق هايۋان تېرىلىرىنى بېرىپ شاڭيۇلۇق مەنسەپلەرنى سېتىۋالاتتى. پۇتكۇل خەلق ئۇستىدىن ژۇرگۇزىدىغان مەمۇرىي، قانۇنىي، باج–سېلىق ئىشلىرىنىڭ هەممىسى شاڭيۇنىڭ يەككە قولىغا مەركەزلەشتۇرۇلگەن بولۇپ، خەلقنى خالىغىنىچە باشقۇرۇش هوقۇقىغا ئېگە ئىدى. دىنغا مۇناسىۋەتلىك نىكاھ، تالاق، مىراس ئىشلىرى مەهەللە ئاخۇنىنىڭ چىقارغان پەتىۋا–توختاملىرى بويىچە بىر تەرەپ قىلىناتتى. شاڭيۇلار هاكىمىيەتنى قولغا ئېلىۋالغاندىن كېيىن ژۇقۇرىغا پارە بەرگەن چىقىملىرىنى ئەچچە ئون هەسسىلەپ خەلق ئۇستىگە ئېغىر سېلىقلارنى سېلىش بىلەن ئۇندۇرۇۋالاتتى، بۇنىڭ بىلەن ئوزلىرىمۇ بېيىۋالاتتى. هاكىمدارلارنىڭ مېهنەتكەشلەرنى ئېكسپىلوئاتاتسىيە قىلىش زوراۋانلىقى چەكسىز ئىدى. هۇنەرۋەنلەر، دېخانلارنى مەجبۇرىي تۇردە ئوزىنىڭ شەخسىي ئېگىلىكلىرىگە هەقسىز ئىشلىتەتتى. ئېجارەتچىلەرنىڭ دوكانلىرىدىن تاۋارلارنى ئالاتتىدە، هەق تولەشمەتتى. شاڭيۇلارنىڭ ئەمىر–پەرمانلىرىنى بېجا كەلتۇرىدىغان يايى–چاپارمەنلەر بوك ئال دېسە، باش ئالىدىغان مۇتەهەملەردىن ئىدى. ئۇلار باشلىرىغا ئاق ئاچا قالپاق، ئۇزۇن قارا چاپان، بېلىگە بەلۋاغ باغلاپ ئۇستىگە غىلاپلىق قىلىچ ئېسىپ، سورلۇك تۇردە كىشىلەرنى چوچۇتۇپ ژۇرۇشەتتى. جىنايەت ئوتكۇزگەنلەرنى تۇرۇككە باغلاپ قويۇپ، خەلق ئالدىدا دۇمبىسىگە پالاق بىلەن ئۇراتتى. ئوغرىلىق، قاتىللىق ئوخشاش جىنايەت ئىشلىرى ئىلى دوتەي يامۇلىنىڭ باشقۇرۇشىغا بېرىلەتتى.

شۇنى تەكىتلەشكە ئەرزىيدىكى، يۇرت ئىچىدەز بەكمۇ خاتىرجەم هايات هوكۇم سۇرەتتى. ئايرىم بايلارنىڭ ئېگىز كوملاش تاملىق قۇراللىرىدىن باشقا ئاهالىنىڭ قۇراللىرىدا دەرۋازىلىرى يوق ئىدى، هېچ كىمنىڭ ئىشىگىدە قۇلۇپ بولمايدىغان. سەۋەۋى، كىشىلەردە دىنىي–ئېتىقات، ئىنساپ–توۋفىق، هالال ئەمگەك، ئەنئەنىۋىي ئەخلاقنىڭ بۇزۇلۇش دەۋرى تېخى يېتىپ كەلمىگەن ئىدى. ئىلىقدا يېڭى مەكتەپ تېخى دۇنياغا كەلمىگەن ئىدى، پەقەت دوڭ مەهەللە مەسچىتى يېنىدا بىر بولۇم باللار كونىچە ئوقۇتۇلاتتى. توپىلىق يەردىكى بىر نەچچە لىم ياغاچلارنىڭ ئۇستىدە ياغاچ تاختىلارغا يېزىلغان قۇرئان ئايەتلىرى يادقا ئالدۇرۇلاتتى. يېزىش–سىزىش ئوگۇتىلمەتتى، بار بولغىنى مانا شۇ ئىدى.

مەنىۋىي قاراڭغۇلۇق ۋە خۇراپاتچىلىق ئادەملەرنىڭ گەۋدىسىدىن بېسىپ تۇرغان ئىككىنچى زۇلمەت تېخى ئىدى. ئويلەردە جىنچىراقلار ياندۇرۇلغان بولۇپ، كېروسىن لامپىلىرى تېخى يوق ئىدى. قاششاقلىق، جاهالەت ئىچىدىكى خۇراپىي هايات تەرىزىدە كۈن كەچۇرۇشكە مەجبۇر قىلىش خىتاي مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ جەمىيىتىمىزنىڭ بەدىنىگە سالغان ساقايماس جاراهىتى ئىدى، ئەلۋەتتە. ئىجتىمائىي هاياتنىڭ ئاڭ سەۋىيەگە تەسىر قىلىشى ۋە ئۇنىڭغا مۇۋاپىقلاشقان ئوزىگە خاس ئادەتلىرى، مەدەنىيتى، پسىخولوگىيەلىك ئالامەتلىرىنىڭ ئەكس ئېتىشى تەبىئىيدۇر. بىراق، هايات مەدەنىيەت، سەنئەت بىخ ئۇرمىغان، خۇراپىيلىق چوڭقۇر يىلتىز تارتقان پېتىچە هوكۇم سۇرمەكتە ئىدى. تىبابەتچىلىكتە ئەڭ قېدىمقى جاهىل ئۇدۇملارغا ئىشىنەتتى. پال ئېچىش، دەم سېلىش، داخانچىلىق، پېرە ئوينىتىش ئۇسۇللىرى بىلەن بېمارلارنى داۋالىغان بولاتتى. كوپىنچە بۇ ئۇسۇللارنىڭ ئاقىۋىتى پاجىئەلىك ئاياقلىشاتتى. ئويۇن–تاماشە توغرىلىق گەپ قىلىدىغان بولساق، قېدىمدىن خەلق ئەچىدە قېلىپلىشىپ قالغان ئوغلاق تارتىش، قىمار ئويناش، قوشقار ئۇسكۇزۇش، غورازكەكلىك ئۇرۇشتۇرۇش، چوڭ–كىچىك بولۇپ ئوشۇق ئويناش، ئۇدىكام ئويناش ئومۇميۇزلۇك بولىدىغان. ئەڭ ژىرىك ئويۇن گاڭگۇڭلارنى يەكمۇ–يەك مەيدانغا چىقىرىپ، باش، مۇش، پۇت بىلەن بىر–بىرىگە رەهىمسىز هۇجۇم قىلدۇراتتى، ئاغزى–بۇرنى، باشلىرى قىزىل قانغا بويالغان بۇ ئۇرۇشىشنى هاياجان بىلەن قېنىقىپ تاماشە كورۇش ئادەتلىرى بار ئىدى.

شۇنداق ئۇرۇشلاردىن بىرى، غۇلجىدىن چىققان بىر ياش گاڭگۇڭ بىلەن ئەمەت تومۇرچى (لەقىمى بەڭگى) ئوتتۇرىسىدىكى بىر هەپتىلىك مۇشلىشىش ئىدى. هەر كۇنى ئىككى تەرەپنىڭ بىردىن ۋەكىلى ئېگىدارچىلىق قىلغان بۇ چېلىش ئىككى سائات داۋام قىلاتتى. شەهەرلىك گاڭگۇڭ چاققانلىق بىلەن رەقىبىگە زەربە بېرىپ، ئوزىنى هىمايە قىلالايدىغانلىقى بىلەن ئۇستۇن ئىدى. باللىغىدىن بازغان ئۇرۇپ ئوتتا تاۋلانغان ئويۇلتاشتەك كۈچلۈك ئەمەت تومۇرچى قارشى مۇش زەربىسىگە بەرداشلىقى، هەر بىر سالماق مۇش بىلەن شەهەرلىك نوچىنى پېقىرتىۋېتىشى بىلەن ئاممىنىڭ قىيقاس–چۇقىنى ئاستىدا ئالقىشقا سازاۋەر بولاتتى. نەتىجىدە شەهەرلىك نوچىنىڭ چېلىشنى داۋاملاشتۇرۇشقا چىداشلىق بېرەلمىگەنلىكىدىن بىر كېچىدە شەهەرگە قاچقىنى ئېلان قىلىنغان ئىدى. ئەمەت تومۇرچى ئوز يۇرتى چارىنغا كېلىپ، توقسەن ياشنىڭ قارىسىنى كورۇپ دۇنيادىن ئوتتى. هازىر ئۇنىڭ ئوغۇللىرى چارىندا ۋە تاشكەنتتە ياشايدۇ.

هازىرقى تەرەققىيات تۇرغۇسىدىن ئىلىقا جامائىتىنىڭ ئەشۇ ژىراق ئوتمۇش دەۋرىگە كوز سالغىنىمىزدا، كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي، ئىختىسادىي ۋە روهانىي–مەنىۋىي هاياتىنىڭ قانچىلىك ئېغىر ئوتكەنلىكى توغرىسىدا چۇشەنچە هاسىل قىلىپلا قالماستىن بەلكى، بۇگۇنكى هاياتىي سەۋىيەنىڭ بەكمۇ ئەگىرتوقاي، ئازاپلىق ئۇزۇن مۇساپىلارنى بېسىپ ئوتكەنلىكىنىڭ گۇۋاچىسى بولىمىز.

## خوڭ خۇزىلار (قىزىل ساقاللىقلار)

ئاپرېل ئىنقىلاۋى غەلىبىسىدىن كېيىن قانخور شىڭ شىسەي ستالىن بىلەن پىكىر تېپىشىپ، ئوزىنى سوۋېت كوممۇنىستلىرى قويىنىغا ئېتىشى نەتىجىسىدە دەسلەپكى سىياسىي، هەربىي، ئىختىسادىي ۋە مەدەنىي كېلىشىملەرنى تۈزۈپ، بىر قانچە تېخنىكلىق ياردەمگە ئېگە بولدى. ئۇزۇن ئوتمەي كېلىشىم بويىچە سوۋېت تېررىتورىيەسىدە ياشاپ كەلگەن «خوڭ خۇزى» نامىدا ئاتىلىپ كەلگەن خىتاي كوچمەنلىرىنى ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستان زېمىنىگە ئورۇنلاشتۇرۇش هەرىكىتىنى ئېلىپ باردى. خوڭ خۇزىلارنىڭ ئەسلى تەكتى خىتاينىڭ شەرقىي–شىمال ئولكىلىرىدە ياشىغان شىڭنىڭ ۋەتەنداشلىرىدىن بولۇپ، ياپونغا قارشى ئۇرۇش دەۋرىدە سوۋېت تېررىتورىيەسىدىن پانا تاپقانلاردىن ئىدى. شىڭ ۋەتىنىمىزدە خىتاي نوپۇسىنى ئۇلغايتىش ۋە ئوز تەرەپدارلىرىنى كۈچەيتىش مەخسىتىگە ئىنتىلگەن بولسا، ستالىن بۇ غەلىتە كوچمەنلەرنىڭ سوۋېت تېررىتورىيەسىدە خېلىلا باش ئاغرىقلىرىنى كەلتۇرۇپ چىقارغانلىقى تۇپەيلى، قۇتۇلۇش ئىستىگىدە تۇرغان پەيتنى قولدىن بەرمەي، تېزئاردا ئوز تېررىتورىيەسىدىن تازىلىغان بولدى.

خوڭ خۇزىلار قانداقتۇ ئوزلىرىنىڭ ژۇرۇش–تۇرۇش، هەرىكىتى، خاراكتېرى جەهەتلەردە يەرلىشىپ كەتكەن بۇرۇنقى خىتايلاردىن پەرىقلىنىپ تۇراتتى. ئۇلار خۇيپەيلى چۇس، جېدەلخور، بىر–بىرىگە رەهىمسىز كېلەتتى. بىر نەچچە قېتىم ئوز ئارا جاڭجاللىشىپ پالتا، چەيدۇ ۋە تومۇر ئارىلارنى كوتىرىشىپ، بىر–بىرىنى ياردار قىلىپ، يۇرت ئىچىگە ئەنسىزلىك سالغان ئىدى. ئۇلارنى ئىلىقىغا كوچۇرۇپ ئەكىلىش ئالدىدا خەلق ئىچىدە «خوڭ خۇزىلار ياۋۇز، باندىت خىتايلار ئېكەن، باللارنى ئوغرىلاپ ئادەم گوشىنى يەيدىكەن» دېگەندەك ئوخشاش سوز–چوچەكلەر تارقىلىپ، يۇرت ئىچىدە قورقۇنۇش پەيدا بولۇپ، هەر كىم ياش بالىلىرىنى هوشيارلىقتا قورغاپ ژۇرگەن بولدى. ئۇلارنىڭ خىتاي مىللىتى بولۇشىغا قارىماي، خوڭ خۇزا دەپ ئاتىلىشىمۇ سوۋېت تېررىتورىيەسىدىكى سەرگۇزەشتىلىك هايات شارائىت مەزگىللىرىدە ئوز تەبەتلىرىگە ماس مىش–مىشلاردىن خالىي بولمىسا كېرەك. خوڭ خۇزىلار سوۋېت تېررىتورىيەسىدە ياشىغان دەۋرلەردە هەممىسى دېگۇدەك رۇس خوتۇن–قىزلىرىغا ئويلىنىپ، بالا–چاقىلىق بولغان ئىدى. شۇڭا ئۇلارنىڭ ئوغۇل–قىزلىرى چىرايلىق بولاتتى.

هېبىبۇللا مۇتەللىپ.
ئالمۇتا شەهىرى.

(داۋامى بار).

ئەلى مسرات
(لىۋىيە يازغۇچىسى)

# چوامىللىبك قىسمەت

(ھېكايە)

بۇ بىر نەچچە يىل ئىلگىرىكى، ئېنىقراق قىلىپ ئېيتسام 1949-يىلى بولغان ئىش. ئۇ چاغدا مەن مىسىردىن يېڭىلا لىۋىيەگە قايتىپ كېلىپ كۆن پېتىشتىكى رىپورسى شەھىرىدە تۇرۇۋاتاتتىم. يېڭى كەلگەندە دوستلىرىمىزنىڭ بىر نەچچە كۈن كويۇپ-پىشىپ كۈتۈۋېلىشىدا گەپ يوق. لېكىن ئۇلار مۇ ئاخىرسىزدىن زېرىكىدۇ...

قولۇمدا ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىدىن بېرىلگەن دىپلوم بار ئىدى. بىراق دىپلوم ئاش-نان ئەمەستە... بىرەر ئىشنىڭ پېشىنى تۇتماي بولماتتى. مېنىڭ ۋەزىخانلىقمۇ قىلىش، يېزىش، تالىپلارغا ساۋاق بېرىشتىن بولەك ھۈنىرىم يوق. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ يەردىكى ۋاقىتلىق ھەربىي ئىدارە قىلىش تارماقلىرى بىلەن چىقىشالماتتىم. ئۇلارنىڭ بەزى سىياسەتلىرىگە قارشى ئىدىم... قولۇمدىكىنى يەپ-ئىچىپ، چېكىپ، خەشلەپ تۈگىتىۋەتتىم. شۇنىڭ بىلەن كۆڭلۈم بارغانسىرى خاراپلاشقىنى تۇردى. سودىگەر بولايمۇ؟! لېكىن مەندە بىر تىيىنمۇ دەسمايە بولمىسا، ئۇنىڭ ئۈستىگە سودا-سېتىق ئىشى قولۇمدىن كەلمەيدۇ. قەھۋىخانىدا كۈتكۈچى بولايمۇ يە؟ گەرچە پۇل خېلى ياخشى ئىش بولسىمۇ، لېكىن كىشىلەر پەس كۆرىدۇ. پىرىكازچىك بولسامچۇ؟ مەن «ئالە خېرىدار»، تالىۋال»، يارىمىسا پۇل بەرمە» دەپ توۋلاپ خېرىدار چاقىرالماتتىم. يەنە كېلىپ بايۋەچچە غوجام، خېنىملارنىڭ گىدەرەپ مېڭىشلىرىنى كۆرەرگە كۆزۈم يوق ئىدى.

ئۇ چاغلاردا يېزىقچىلىقنىڭ بازىرى كاسات ئىدى. بۇ دۆلەتتە زوقۇرنىڭ خىلمۇ-خىل چەكلىملىرى ئاستىدا چىققان بىرلا گېزىت بار ئىدى. ئۇنى ئاز دېگەندەك گېزىتخانىدىكى خىزمەتچىلەر تەھرىرلىرىدىن كۆپ ئىدى... قانداق قىلغۇلۇق؟! كۆڭۈمنى كورگىدەك بىرەر جاي تېپىلماسمۇ؟! ئۇنىڭ ئۈستىگە 1949-يىلمۇ ئۆتۈپ كېتەي دەۋاتىدۇ!

—مەن سودىگەرچىلىك قىلىمەن، ماڭا بۇغگالتىر بولۇپ بېرىڭ، — دېدى بىرمەككار سودىگەر.

ئۇنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ قەۋەتلا خۇش بولۇپ كەتتىم. ئۇ ئىش ھەقىقىدىن بەش يۈز فرانكنى ئالدىن بېرىدىغان، قالغىنىنى ئاينىڭ ئاخىرىدا بېرىدىغان بولدى. ئۇنىڭدىن باشقا چايىنى ھەقسىز ئىچىمەن.

شۇنداق قىلىپ «بۇغگالتىر ئەپەندى» بولۇپ ئىشلەشكە باشلىدىم. ئىشخانام ئولتارسا-تۇرسا لىڭشىپ، غىچىرلاپ تۇرىدىغان، بىرىكمە قەغەز تاختاي بىلەن قاپلانغان كىچىككىنە خانا ئىدى.

بۇ ئىش مەن خىزمەتكە كىرىشكەن بىرىنچى كۈنلا بولغانىدى. ئۇن، پىياز، كومۇرلەرنى توشۇيدىغان قاپ-تاغارلار، كەسمە چوپ ساندۇغى، ھەسەل قۇتىسى، ياغ تۇڭى، ئاچچىق سۇ بوتۇلكىسى قاتارلىقلارنىڭ ھېساۋىنى ئېلىشمۇ مېنىڭ ئىشىم ئىدى. بىردىنلا كەمزۇلۇم ھەسەل، ياغ تېمىپ، ئۇن، كومۇر توزۇپ ساق يېرى قالمىدى. قىزىل كىگىز قالپىقىممۇ قاسماقلىشىپ ئوز رەڭگىنى يوقاتتى. تۇرمۇشنى دەپ بۇلارنىڭ ھەممىسىگە سەۋر-تاقەت قىلىپ ئۆرۈۋەردىم.

شۇنداقتىمۇ مەن مىسىردىكى ئوكتىچىلەر پارتىيەسىنىڭ ئورگان گېزىتى «مىللەت ئاۋازىغا» دۇنيا جامائەتچىلىگىنىڭ دىققەت-ئېتىبارىنى قوزغاتقان لىۋىيە ۋەزىيىتى ۋە باشقا مەسىلىلەر ھەققىدە ماقالە يېزىپ تۇردۇم. مېنىڭ ماقالىلىرىم گېزىتنىڭ بىرىنچى بېتىگە بېرىلەتتى. بىراق، بۇ گېزىت ئىختىيارىي خەۋەر يازغۇچىلارغا بىر تىيىنمۇ قەلەم ھەققى بەرمەتتى. ئۇلاردىن مەدەت تىلەپ كورۇۋېدىم، ئۇچۇرى بولمىدى.

بوغگالتىر چوقۇم يەتتىدە ئورنىدىن تۇرۇشى كېرەك. بىراق، مەن ئۇيقامنى ئاچالماتتىم. بۇغگالتىرلىقنىڭ ئوزىمۇ قىيىن كەسىپ، ئىچكى ھېساۋات، سىرتقى ھېساۋات، كىرىم-چىقىم... قاتارلىقلارنى سۇدەك بىلىۋېلىشقا توغرا كېلىدۇ. بىراق، مەن ھېساپتا پىشىق ئەمەس ئىدىم. يازغان خەتلىرىممۇ ئومچۇك پۇتلىرىدەك ئىدى. نەچچە مىڭ فوند پۇلنىڭ ھېساۋىنى بىر تەرەپ قىلىش ماڭا گويا پېتىر ناندىن قىل ئالماقتىنمۇ تەسكە چۇشەتتى.

ئىشقا چۈشكەن بىرىنچى كۈنلا ھېساپتىن خاتالىق چىقتى. زىيان تارتقان غوجايىن ئاچچىق ھەسرىتىدىن داپقا چۈشكەن مايماقتەك سەكرەپ كەتتى ۋە كىشىلەرنىڭ كوزىچىلا مېنى ئىشتىن بوشىتىپ بازاردىن قوغلاۋەتتى.

مەن يەنە بۇرۇنقىدەكلا بولسا يەپ، بولمىسا شۈكۈر-قانائەت قىلىپ ئۆرۈشكە باشلىدىم. «ئەگىز كەتمەي ياز كەلمەس» لېكىن بەزىدە كۈتكەن خەيرلىك كۈنلەرنىڭ كەلمىگىمۇ تەسكە توختايدىكەن. شۇڭا كۈتكەن ئارمانلارغا ئېرىشىش ئۈچۈنمۇ ئاز-تولا مىدىرلاپ تۇرمىسا بولمايدۇ-دە، قېرىشقاندەك كۈنلىرىم غورىبەتچىلىكتە ئۆتۈۋاتقىنىغا قارىماي، ۋەزىخانلىق، يېزىقچىلىقنى تاشلىغىنىم يوق. لېكىن قوساقنىڭ ئاچلىقى ھېچ بىر ئارام بەرمەيتتى. پىرىنسىپ، ئىدىيە، ھېسسىيات دېگەنلەر ئاچ قوساققا دال بولالاتتىمۇ، چوقۇم بىر ئىش تاپماي بولماتتى.

مەن خۇددى مەشۇغىدىن جۇدا بولغان ئاشىقتەك، سودىسى ۋەيرانە بولغان سودىگەردەك ئىڭگىمنى تىرەپ ئولتۇرۇپ قالدىم. كۆڭلۈم غەش بولۇپ نېمە قىلىشىمنى بىلەلمەي گاڭگىراپ قالدىم...

قاراڭغۇ چۈشەي دېگەندى، بىرى تاماققا تەكلىپ قىلىپ قالدى. تاماقتىن كېيىن چاي ئىچىشتۇق. ئاندىن ئۇ:

— بىر ئىش بار ئىدى، خالامسىز؟ خۇدا نېسىپ قىلسا شۇنىڭ بىلەن مىسىرغا كېتىۋالالايسىز، — دېدى.

بۇندىن كېيىنكى كۈنلەرنى قانداق ئوتكۈزۈشنى ئويلاپ بېشىم قېتىپ تۇرغاندا، بىردىنلا كەلگەن بۇ ئامەتتىن بەكمۇ خوشال بولۇپ كەتتىم.

— سىز مېنىڭ يالغۇز قىزىمغا ئۇستاز بولىسىز، — دېدى ئۇ.

«كەلسە قوشلاپ كەپتۇ» دېگەندەك، بۇ ئامەتنى كورۇۋۇك خىزمەت تېپىۋالغىنىمنىڭ ئۈستىگە يەنە بىر قىزغا ئۇستاز بولىدىكەنمەن...

— ئۇنىڭ ئىسمى نېمە؟ — سورىدىم مەن.

ھېلىقى كىشىنىڭ رەڭگى بىردىنلا تۇتۇلۇپ، غەزەپ بىلەن ھومايدى:

—تىلىڭىزنى تارتىڭ، نېمە دېگەن نومۇسسىزلىق بۇ، بىزدە قىزلارنىڭ ئىسمىنى سوراش چەكلىنىدۇ، ئۇيالتىسىز!

مەن تېخى بۇ يەرنىڭ ئورپى-ئادەتلىرىنى تازا ياخشى بىلمەتتىم. شۇڭا ئالدىراپ كەچۈرۈم سورىدىم، —دە، لام-جىم دېمەي يەرگە قاراۋالدىم.

— سىزنىڭ قىزىمغا دەرس بېرىشىڭىز شەرت ئاستىدا بولىدۇ، —دېدى ئۇ سوزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — مەن سىزگە خۇددى دولەتلەر ئوتتۇرىسىدا تۈزۈلىدىغان توختاملاردەك كونكرېت ماددا بەلگۈلەپ بېرىمەن:

بىرىنچى، سىز ئۇنىڭغا قارىمايسىز، ئۇ سىزگە قارىمايدۇ.

ئىككىنچى، سىز ئۇنىڭ ئىسمىنى سورىمايسىز، ئۇمۇ سىزنىڭ ئىسمىڭىزنى سورىمايدۇ.

ئۈچىنچى، سىز مېنىڭ قېشىمدا ئولتىرىپ دەرس بېرىسىز.

تورتىنچى، مەن بولمىغان چاغلاردا سەكسەن ياشلىق بىر موماي يېنىڭىزدا بولىدۇ.

بەشىنچى، دەرس چۈشتىن كېيىن سائەت ئۈچتە ئوتىلىدۇ. (ئۇ چاغلار قاتتىق ئىسسىق بولىدىغان سەككىزىنچى ئايلار ئىدى).

ئالتىنچى، دىن ۋە تىلدىن بولەك دەرس بەرمەيسىز.

يەتتىنچى، دەپتەر ۋە قەغەز ئىشلەتمەيسىز.

سەككىزىنچى، قەلەم-قېرىنداشلارنىڭ ھېچ قالدىغىنى ئىشلەتمەيسىز.

توققۇزىنچى، سىلەرنى قېلىن پەردە ئايرىپ تۇرىدۇ.

ئونىنچى، ساۋاقنى بوش ئاۋازدا ئاستا سوزلەيسىز. ھېسسىياتلىق سوزلەرنى قىلمايسىز.

ئون بىرىنچى، ئايلىق مائاشىڭىز بىر مىڭ فرانك بولىدۇ! ئەللىك فرانكنى ئالدىن ئالىسىز.

ئون ئىككىنچى، دەرس ئوتۇش ۋاقتى دەل بىر يېرىم سائەت بولىدۇ.

ئون ئۈچىنچى، دەرستىن سىرتقى چاغلاردا سوزلىشىش قەتئىي چەكلىنىدۇ.

ئون تورتىنچى، ئوز ئارا كۈلۈشۈش قەتئىي چەكلىنىدۇ.

ئون بەشىنچى، ئوز ئارا چاقچاقلىشىش، ئەجايىپ-غارايىپ ھېكايە چوچەكلەرنى سوزلەشكە رۇخسەت يوق.

ئون ئالتىنچى، رەسىملىك ژۇرنال، بولۇپمۇ ئورپى-ئادەتنى بۇزىدىغان «يېڭى ئاي»، «ئەڭ ئاخىرقى بىر سائەت»، «چولپات» ۋە «كىنو» دېگەندەك ژۇرناللارنى ئېلىپ كېلىشىڭىزگە رۇخسەت يوق.

ئون يەتتىنچى، رادىو ئاڭلاشقا بولۇپمۇ ناخشا-مۇزىكا، كومېدىيە-تىياتىر ئاڭلاشقا رۇخسەت يوق.

ئون سەككىزىنچى، ئىشكنى ئۈچ قېتىم چېكىسىز، ئېچىلمىسا كېتىشىڭىز شەرت. ئارقىڭىزغا بۇرۇلۇپ قارىمايسىز.

ئون توققۇزىنچى، ئاۋادا ئۇ سوئال سوراپ قالسا، ھەرگىز جاۋاپ بەرمەيسىز.

...

ئۇنىڭ شەرتلىرى يىگىرمە ئوتتىن ئېشىپ كەتتى. ھەر بىر ماددىنى دېگەندە: «مەن قارام ئادەم، ئاسان ھاياجانلانمەن. مەن زېرەك ئادەم، ھەر بىر ھەرىكەت ۋە ئىما-ئىشارىلەرنىمۇ بىلىۋالىمەن. ھازىر تۇغۇلۇۋاتقان بالىلارنىڭ كوپىنچىسى ھارامدىن تۇغۇلۇۋاتىدۇ» دېگەندەك گەپلەرنى تەكرارلاتتى.

— مانا بۇ قېلىن پەردە، — دېدى ئورنىدىن تۇرۇپ، ئەندى ئىككىمىز رېپېتىتسىيە قىلىپ كورەيلى. سىز قىز بولۇڭ؟...

— ياق، سىز قىز بولۇڭ، مەن ئوقۇتقۇچى تۇرسام، — دېدىم ئۇنىڭ سوزىنى بولۇپ.

بۇ گېپىم ئۇنىڭ زىتىغا تەگدى بولغاي، كوزلىرى چەكچىيىپ، خۇددى مالىيىنى ئەدەبلەۋاتقان خوجايىندەك ئەزۋەيلەپ كەتتى:

— مەن دېگەن ئەركەك، ئىسمىم سەباغ لاھىرى. يول توساپ كارۋان بۇلىغان چول قاراقچىسى، تىكەندەك دىڭگىيىپ تۇرغان ساقاللىرىمنى كورمەيۋاتامسىز؟

ئۇنىڭ ساقال-بۇرۇتلىرىنىڭ قانداق قىلىغى بىلەن مېنىڭ نېمە كارىم.

— بىر قېتىم باشمالتىغىم بىلەنلا بىر ئادەمنىڭ جېنىنى ئالغانمەن، —دېدى ئۇ يەنە ماڭا ھورپىيىپ.

— بولدى قىلىڭ. ئەزىمەتكەنسىز، قىز بولسامۇ بولاي، سىز ئۇستاز بولۇڭ.

شۇنىڭ بىلەن مەن پەردىنىڭ ئارقىسىغا ئوتۇپ ئولتاردىم.

(داۋامى بار)



ئالمۇتا شەھىرى. قازاقستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ دۇنياغا مەشھۇر مېدېۋ سپورت كومپلېكسىدا شەھەرلىكلەر دەم ئېلىش كۈنلىرىنى كوڭۇللۇك ئوتكۈزۈشنى ئادەتكە ئايلاندۇرغان.

سۈرەتتە: كونكى تېپىلىپ ئوينىغانغا نېمە يەتسۇن.

م. ۋېنگلوۋسكىينىڭ سۈرىتى.

چىمكەنت شەھىرى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى يېزىلاردا ئىستىقامەت قىلىۋاتقان ئۇيغۇر جامائەتچىلىگى

**تۇرسۇن ئىبراگىموۋنىڭ**

مەزگىلسىز ۋاپات بولۇشى مۇناسىۋىتى بىلەن مەرھۇمنىڭ ئائىلە-تاۋابىئاتىغا، ئۇرۇق-تۇققانلىرىغا چوڭقۇر قايغۇرۇپ تەزىيە بىلدۈرىدۇ.

باش مۇھەررىر ي. ئازاماتوۋ.

يېڭى ھايات
ئالمۇتا، 480044
ئېپەك يولى كوچىسى
50 بىنا، 8-قەۋەت

گېزىتنى تەسىس قىلغۇچى: قازاقستان جۇمھۇرىيىتى مىنىستىرلار كابىنېتى

نوۋەتچى مۇھەررىر ئابدۇغوپۇر قۇتلۇق

تېلېفونلار: قوبۇلخانا-59-84-33، باش مۇھەررىرنىڭ ئورۇنباسارى- 69-86-33، مەسئۇل كاتىپ- 50-86-33، ئىجتىمائىي-سىياسىي، مەدەنىيەت بولۇملىرى-81-86-33، ئەدەبىيات بولۇمى- 27-86-33.

تىراژى- 4446 زاكاز (3619)

«Йеңи хаят» [Новая жизнь], индекс 65359, приложение республиканской общественно-политической газеты. «Уйгур авази», регистрационное свидетельство № 486, выдано Министерством печати и массовой информации Республики Казахстан.

Газета отпечатана в республиканском газетно-журнальном Издательстве «Деуiр», Алматы, 480044 пр. Ленина, 2/4.

گېزىتىمىز سەھىپىلىرىدە بېسىلغان ماقالىلار مۇئەللىپلىرىنىڭ مەۋقەسى تەھرىراتىمىزنىڭ مەۋقەسى بولۇپ ھېساپلانمايدۇ. تەھرىراتتىن ماتېرىياللار قايتۇرۇلمايدۇ ۋە جاۋاپ بېرىلمەيدۇ.

ПОГ-60

ئانا يۇرتۇڭ ئامان بولسا، رەڭگى-رويۇڭ سامان بولماس

1993 ـ يىل 18 ـ دېكابىر شەنبە №49 (3903)

ئەركىن باھا.

# يېڭى ھايات

Жаңа өмір

جۇمھۇرىيەتلىك ئىجتىمائىي-سىياسىي «ئۇيغۇر ئاۋازى» گېزىتىنىڭ ھەپتىلىك قوشۇمچىسى

گېزىت 1970 ـ يىلى 1 ـ يانۋاردىن باشلاپ چىقىۋاتىدۇ.



## 16 ـ دېكابىردا ـ قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ مۇستەقىللىق كۈنى تەنتەنىلىك نىشانلاندى



ئىستىقلالىيەتكە ئىككى يىل

## ئامەتلىك قازىغىم

ئەشۇ، ئەشۇ-ئۆتكەن زامان ئەسىردىن،
ئالاي كوچ-كوچ، سۈرگۈن ئۆتكەن بېشىڭدىن.
ئۆز يېرىڭنى ئۆزەڭ دەسسەپ تۇرالماي،
جان قاچۇرۇپ، ئاھ، پىتىراپ چېچىلدىڭ.

ئاچ-يالىڭلىق، قەست-شۇملۇققا تۆزگەنغۇ،
ئۈمۈتىڭنى كەڭ ئالەمدىن ئۈزگەنغۇ.
قانداق قىلىپ ئۇنتالايمەن مەن ئۇنى،
ئاتا-ئانىدىن پەرزەنتلىرىڭ بىزگەنغۇ...

دىنىڭ، تىلىڭ ھەم يېزىقىڭ يوقىتىپ،
كوممۇنىستلار ئالغانغۇ ئات تىزگىنىن.
ئەلگە ئادىل خىزمەت قىلغان جانلارنى
ئاتتى، چاپتى، يوقاتتىغۇ ئىزىنى ...

ئەندى بولسۇن پولاتتەك چىڭ بىرلىگىڭ،
ئەركىنلىگىڭ ئەلگە يايدى كەڭ ئېتەك.
جاھان سائا ئاچتى كەڭرى قۇچىقىن،
تارىخىڭغا يېزىلدى بار چەككەن دەرت.

ئىستىقلالىيەت بايرىقىنىڭ ئاستىدا
يەتتە ياشتىن يەتمىش ياشقا توپلانغان.
مەغرۇر كەرگىن كوكرىگىڭنى قازىغىم،
قەدىمىڭنى گۈرسۈلدىتىپ باس ئالغا!

سېرىك كاتتاباي ئوغلى.

قازاقچىدىن مەمنۇن تەرجىمىسى.

## تېلېگرامما

جۇمھۇرىيەتلىك «ئۇيغۇر ئاۋازى» گېزىتىنىڭ باش مۇھەررىرى يولداش ئازاماتوۋقا!

ئۇيغۇر ناھىيەسىنىڭ ئاھالىسى 1994 ـ يىلىنىڭ بىرىنچى يېرىمىغا مۇشتىرى توپلاش جەريانىدا 4832 نۇسخا «ئۇيغۇر ئاۋازى» گېزىتىغا ۋە 425 نۇسخا «يېڭى ھايات» گېزىتىغا يېزىلدى.

ناھىيە ھاكىمى م. ناسىروۋ.

---

ئۇيغۇر ناھىيەسى بويىچە موشۇ يىلىنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا «ئۇيغۇر ئاۋازى» گېزىتى مۇشتىرىلىرىنىڭ سانى 4063، «يېڭى ھايات» گېزىتى مۇشتىرىلىرىنىڭ سانى بولسا 214 نى تەشكىل قىلغان ئېدى. ئەندى مانا 1994 ـ يىلىنىڭ بىرىنچى يېرىمىدا ناھىيە بويىچە گېزىتلىرىمىز ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ سانى يەنە ئۆسكەن. شۇڭلاشقا 1994 ـ يىلىنىڭ بىرىنچى يېرىمىغا مۇشتىرى توپلاشتا رېداكسىيەگە يېقىندىن ياردەم كۆرسەتكەن ناھىيە مەمۇرىيىتىگە، شەخسەن ناھىيە ھاكىمى مۇرادبەك مىرزىگۇل ئوغلى ناسىروۋقا، ناھىيەدىكى بارلىق ئېگىلىكلەر ۋە كارخانىلار بىلەن مەھكىمىلەر رەھبەرلىرىگە، ناھىيەلىك ئۇيغۇر مەدەنىيەت مەركىزى بىلەن ئۇنىڭ يېزىلىرىدىكى شۆبىلىرىگە، گېزىتلىرىمىز جان كۆيەرلىرىگە ۋە ئاكتىۋىستلىرىغا «ئۇيغۇر ئاۋازى» ۋە ئۇنىڭ قوشۇمچىسى «يېڭى ھايات» گېزىتلىرى رېداكسىيەلىرىنىڭ ژۇرنالىستلىرى سەمىمىي مىننەتدارلىق ئىزھار قىلىدۇ.

## ياشلار جاسارىتى نىشانلاندى

11 ـ دېكابىر ئالمۇتىدىكى مەركىزىي كونسېرت زالىدا مەملىكەتلىك ياشلار كومىتېتى، قازاقىستان تېلېرادىو كومپانىيەسى، «ژېلتوقسان» جەمىيەتلىك بىرلەشمىسىنىڭ بىرلىكتە ئۇيۇشتۇرۇشى بىلەن «جېلتوقسان يۇلتۇزلىرى» ناملىق ئەدەبىي-مەدەنىي كەچ بولۇپ ئۆتتى. ئۇ دېموكراتىيە ۋە ئەركىنلىكنى تەلەپ قىلىپ مەيدانغا چىققان ياشلارنىڭ كۈرەش روھىنى خاتىرلەپ ئۆتۈشكە بېغىشلاندى.

كەچنى ئېلىپ بارغان قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى مەملىكەتلىك ياشلار كومىتېتى رەئىسىنىڭ بىرىنچى ئورۇنباسارى شەرىپ ئوماروۋ ياشلار جاسارىتىنى نامايىش قىلغان بۇ دېموكراتىيە، يېڭىلىنىش كۈنى ھەممىنى ۋەتەنپەرۋەرلىككە دەۋەت قىلىدىغانلىقى شۇڭلاشقا ئۇنى ھەر يىلى ئاتاپ ئۆتۈشنىڭ ھاجەتلىگىنى تەكىتلىدى.

بۇ ئەدەبىي-مەدەنىي كەچتە ئالمۇتىنىڭ ئىلگەركى برېژنېۋ مەيدانىدا يۈز بەرگەن پاجىەلىك ۋاقە كۆرسىتىلگىنىدە كەچ قاتناشچىلىرىنىڭ كۆڭلىدە ھاكىم مۇتلەق تۈزۈمىنىڭ ۋەھشىلىكىگە بولغان نەپرىتى يەنىمۇ ئۇلغايدى. كەچتە شائىرلار تەرىپىدىن ياشلارنىڭ جاسارىتىنى مەدھىيىلەيدىغان شېئىرلار ئوقۇلۇپ، كومپوزىتور ۋە مۇزىكانتلار شۇ تېمىدا ئىجات قىلغان ناخشا كۈيلىرىنى ئىجرا قىلىشتى.

## «قازاقىستان ـ 2»

گېرمانىيەنىڭ براخافېن شەھرىدە «قازاقىستان ـ 2» ناملىق كېمە ياسالدى. موشۇنىڭ بىلەن ئىككىنچى يولۇۋچىلار كېمىسىگە قازاقىستاننىڭ نامى بېرىلدى. مەزكۇر كېمە قارا دېڭىزدا يولۇۋچىلارنى توشۇيدىغان بولىدۇ.

## مەرمەر تاش زاۋودى

جۇمھۇرىيىتىمىزنىڭ چوڭ ئىشلەپ چىقىرىش كارخانىلىرى قاتارىغا يەنە بىر زاۋۇت قوشۇلدى. ھازىرچە ئۇ ئىشلىرىنى يېڭىدىن يولغا قويۇۋاتقان بولسىمۇ، بىر ئاز ۋاقىتتىن كېيىن «گرانىت» مەرمەر ئىشلەپ چىقىرىش بىرلەشمىسىنىڭ نامى دۇنيا بازىرىدا ئاتىلىدىغان بولىدۇ، ئۇنىڭ بۈگۈنكى ئىشلىك قەدىمى، مەھسۇلاتلىرىنىڭ سۈپەتلىكلىگى شۇنىڭدىن دېرەك بېرىدۇ.

ھازىرقى ئىختىسادىي قىيىنچىلىقلار تۇپەيلى زاۋۇد قۇرۇلۇشى توختاپ قالاي دېگەندە، ئۇنى ماددىي جەھەتتىن «ئەلېمبانك» قوللاپ-قۇۋۋەتلەپ، 4،5 مىللىون دوللار قەرىز بېرىپ تۇردى. زاۋۇد كوللېكتىۋى موشۇ يىلىنىڭ ماي ئېيىدىن باشلاپ مەھسۇلات ئىشلەپ چىقىرىشقا كىرىشكەن ئېدى، ئۇلار ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا 4،5 مىللىون دوللارلىق مەھسۇلات ئىشلەپ چىقاردى. زاۋۇد يىلىغا 120 مىڭ چاسا مېتىر مەرمەر تاختا ئىشلەپ چىقىرىدۇ.

(ئۆز مۇخبىرىمىز).

